## 133076 ـ كىچىك بالىلارغا يېمەك بېرىش كاپارەتتە دۇرۇس بولامدۇ؟

### سۇئال

قەسەمنىڭ كاپارىتىدە كىچىك بالىلار مىسكىنلەرنىڭ جۈملىسىدىن دەپ ئېتىبارغا ئېلىنامدۇ؟ كاپارەتتە يېمەك بېرىش مەلۇم يېمەكلىك بىلەن چەكلىنەمدۇ ياكى ھەر قانداق بىر يېمەكلىك بولسا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: ئەگەر كىچىك بالىلار شەرىئەتتە يېقىر دەپ قارالسا، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان كىشى بولمىسا، ئۇ ۋاقىتتا كىچىك بالىلارمۇ كاپارەتتە مىسكىنلەرنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچى: كاپارەتتە ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان يېمەكلىك كاپارەت بەرگۈچى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئادەتتە يېمەكلىك قىلىدىغان خورما، بۇغداي، قوناق، گۈرۈچ قاتارلىق يېمەكلىكلەردىن بولسا بولىدۇ.

ئاللاھ مۇۋەپپەق قىلسۇن، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تەۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

[ئىلمى تەتقىقات ۋە دىنى پەتىۋا كومىتېتى ئالىملىرىدىن: شەيخ ئابدۇل ئەزىز ئىبنى باز، شەيخ ئابدۇرەززاق ئەپىيپي، شەيخ ئابدۇللاھ ئىبنى غۇدەييان. شەيخ ئاندۇللاھ ئىبنى قەئۇد. دائىمي كومىتېتى پەتىۋاسى ئىككىنچى بۆلۈم 9-توم 219-بەت].